# ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى قۇربان ھېيتتىن ئىلگىرى پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلارنى يوقلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پېشقەدەم يولداشلارنىڭ بايرامنى خۇشال ئۆتكۈزۈشىنى، تېنىنىڭ سالامەت، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك، ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ رەھبەرلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەربىي رايون ۋە بىڭتۇەندىكى دەم ئېلىشقا، پىنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاق ـ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلىدى، ئىجتىمائىي چوڭ ۋەزىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇپ، ئىقتىساد تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەملەندى، كۈچەيتىلدى، تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىنىڭ تۈپ ئاساسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى شانلىق نۇرىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ جاپالىق كۈرەش قىلىشىدىن قولغا كەلگەن، شۇنداقلا بۇنىڭغا ھەرقايسى پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ يۈرەك قېنى مۇجەسسەملەنگەن. ھەرقايسى پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىگە ئىلگىرىكىدەكلا كۆڭۈل بۆلۈپ، قوللاپ، ئەۋزەللىكىنى ۋە رولىنى داۋاملىق ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز يېڭى تۆھپە قوشۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز.

پېشقەدەم يولداشلار يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدىن چىن قەلبىدىن مىننەتدار بولدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى. ئۇلار مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى، جەمئىيەت بارغانسېرى مۇقىم بولدى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بارغانسېرى ياخشى بولدى، ھەر مىللەت ئامما ئېرىشكەن ئەمەلىي نەپ بارغانسېرى كۆپەيدى، تۈرلۈك خىزمەتلەردە كىشى قەلبىنى شادلاندۇرىدىغان، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. پېشقەدەم يولداشلار بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، تەستە قولغا كەلگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىنى جان ـ دىل بىلەن قوللاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىمىز ۋە كۈچىمىزنى بېغىشلايمىز.

# ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرى ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسى ـ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس نۇرلان ئابىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپىگە قاتتىق ئاساسلىنىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى چىڭ ئىگىلەپ، مەسئۇل خىزمەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، بولۇپمۇ پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار ـ ئاممىا، دىنىي زاتلار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئاڭلاپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش، سىردىشىش ـ پاراڭلىشىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولدى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىدىن چېڭ جېنشەن، جۈرئەت ئىمىن، ماغاۋ سىيىتقامزا يازما سۆز قىلدى، جاڭ بو، مۇتەللىپ ئوبۇل، ياڭ يوڭ، ئىلھام سابىر، ما شيۈچىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. كۆپچىلىك مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش باش تېمىسىنى چۆرىدەپ، تەسىراتىنى سۆزلىدى، تونۇشىنى سۆزلىدى، مەسىلىلەرنى سۆزلىدى، تەدبىرلىرىنى سۆزلىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىگە نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر تەپەككۇرغا ئىگە بولدۇق، يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يېڭى ئورنى، يېڭى بۇرچىغا نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولدۇق، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىز كۈچەيدى.

نۇرلان ئابىلمەجىن خۇلاسە سۆزى قىلغاندا مۇنداق كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى پۇرسەت بىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ، ئۆزئارا ئىلھام بېرىپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش جەريانىدا ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى كونكرېت تەدبىرلەرگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىش، ئۆلچەمگە توغرىلىنىش جەريانىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «داۋاملاشتۇرۇش» ئارقىلىق «مۇجەسسەملەش»كە تۈرتكە بولۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ كېڭىشىش دېموكراتىيەسىدىكى مۇھىم يول ۋە مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىنى مۇجەسسەملەش كېرەك. قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئارقىلىق يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىپ، باشتىن ـ ئاخىر دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1 + 3 + 3 + ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە قارىتا قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يادرونى قوغداش، مەركىزىي خىزمەتكە مۇلازىمەت قىلىش، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشتە سىياسىي كېڭەشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشى ۋە نەتىجە يارىتىشىنى نامايان قىلىش كېرەك. مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش ۋە تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال تۈزىتىش، بىلگەن ھامان تۈزىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەسىلە تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، تۈرلەر بويىچە تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە ھەقىقىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

# ئالىم پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۇندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ ئىدارىدىن ئايرىلدى. چۈش بولاي دەپ قالغانىدى، ئۇ ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە باردى، ئانىسى «لەغمەن» ئېتىپ قويغانىدى، ئوغلىنىڭ ناھايىتى ھوزۇرلىنىپ تاماق يېگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ خۇشال ھالدا كۈلدى.

«مەن كومپارتىيە ئەزاسى، ئۇ ئىلگىرى ئاشۇ ئەسكى ئادەملەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، بىز ئەتكەن تاماقنى مۇسۇلمانچە ئەمەس دەيتتى، بىزنى ناھايىتى ئاز يوقلاپ كېلەتتى، كەلسىمۇ ئۆيدە تاماق يېمەيتتى.» ئالىمنىڭ دادىسى ئەمەت ئاۋۇت مۇنداق دېدى: «بىر قېتىم ئۇ مېنى نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن ساقال قويمايسەن، ئانام نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيمەيدۇ، دەپ سوراققا تارتتى. بەك ئاچچىقىم كېلىپ ئۇنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتىم».

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان ئاشۇ نەچچە يىلدا، ئالىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولمايلا قالماستىن، خوتۇنى، ئوغلى بىلەنمۇ زىددىيەتلىشىپ قالدى. ئوغلى ئەلمۇرات ئالىم ئالتە ياشقا كىرگەن ئاشۇ يىلى، ئالىم دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەمدىلا يەسلىنى پۈتتۈرگەن ئوغلىنى دىن ئۆگىنىشكە ئەۋەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ خوتۇنى رابىگۈل ئابلىمىت بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى، ئوغلىنى ئامالسىز تۇرپاندىكى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى، شۇ ئاپارغانچە بىر يىلدىن كۆپرەك تۇردى.

شۇ چاغدا ئالىمنىڭ كاللىسى پۈتۈنلەي «جەننەتكە كىرىش» «دوزاققا كىرىش» دېگەنلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، خىزمەتتىمۇ ئاكتىپ ئەمەس ئىدى، دائىم كېچىكىپ بېرىپ، بالدۇر قايتىپ كېتەتتى. رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم ئۇنى ئىزدەپ سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭ تۈزىلىشىنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، ئۇ پەرۋا قىلمىدى. «ئۇ چاغدا مەن ئېزىپ قاپتىمەن، نىشانىمنى تاپالماي، پەقەت ‹جەننەتكە كىرىش›نىلا ئويلاپتىمەن» دېدى ئالىم ئۆتمۈشنى ئەسلەپ.

كېيىن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئالىم پەيزاۋات ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئوقۇدى. ئۆگىنىش ـ تەربىيە ئارقىلىق، ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشى توغرىسىدا يېڭى ئويغا كەلدى.

**■ «بىر جۈملە سۆز» تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىش**

ئىلگىرى ئالىم دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىشنى خالىماي، بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىيەلىسەملا، پۇتۇڭخۇادا ئۆزۈمنى تونۇشتۇرالىساملا كۇپايە، دەپ قارايتتى. تەربىيەلەش مەركىزىدە بىر مەزگىل ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئويىدا ئۆزگىرىش بولدى.

تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئالىم بىر زاۋۇتتا خىزمەت قىلدى، خىزمەتتە ئەستايىدىل بولۇپ، پۇتۇڭخۇانى ياخشى سۆزلىگەچكە، ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى بولدى.

گەرچە خىزمەت كۆڭۈلدىكىدەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى خىزمەتداشلىرىنى ياد ئېتىپ تۇردى. پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقاندا، ئالىمنىڭ نۇرغۇن خىزمەتداشلىرى پۇتۇڭخۇادا سۆزلەشنى ئانچە بىلمەيتتى، ئاغرىقلار، ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ناھايىتى قولايسىز ئىدى. بۇلارنى ئويلاپ، بۇ يىل 4 ـ ئايدا، ئالىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىغا قايتىپ خىزمەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى.

«مەن تەربىيەلەش مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەندىم، شۇنداقلا ناھايىتى كۆپ بىلىم ئۆگەندىم، مەن بۇلاردىن خىزمەتداشلىرىم بىلەن تەڭ بەھرىلىنىشنى ئويلىدىم.» ئالىم ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى خوجىلىق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جاڭ يۇلۇڭغا ئېيتتى. جاڭ يۇلۇڭ ئالىمنىڭ ئۆزگىرىشىدىن خۇشال بولدى ھەم ئۇنىڭ ئويىنى ناھايىتى قوللىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئالىمنىڭ «بىر جۈملە سۆز» تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىلدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە يوقلىمىدىن كېيىن، ئالىم خىزمەت ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، كۆپچىلىككە بىر جۈملە كۈندىلىك ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنى ئۆگەتتى. ھەر ھەپتىدە ئۇ يەنە بىر مەيدان ئىمتىھان ئۇيۇشتۇردى، ئىمتىھان نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان خىزمەتداشلارغا ئالىم بىلەن جاڭ يۇلۇڭ يەنە سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلدى.

نۆۋەتتە، پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئامانلىق ساقلىغۇچىلىرى ۋە ئارقا سەپ خادىملىرىدىن بولۇپ جەمئىي 50 نەچچە كىشى ئالىمنىڭ «بىر جۈملە سۆز» تەربىيەلەش كۇرسىدا ئوقۇۋاتىدۇ.

خىزمەتتە ئەستايىدىل، تەشكىللەش، باشقۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەي ئالىم پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەندىن باشقا، ھەر كۈنى يەنە دەرس تەييارلايدۇ، تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ دەرسلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

**■ «مېنىڭ بىر كومپارتىيە ئەزاسى بولغۇم بار»**

2019 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئالىم ئۈچۈن ئېيتقاندا ئالاھىدە خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان كۈن بولدى. بۇ كۈنى ئالىم پارتىيە تەشكىلىگە پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۇندى. «ئىلگىرى دادام بىلەن خوتۇنۇم مېنىڭ پارتىيە تەشكىلىگە يېقىن تۇرۇشۇمنى ئېيتقاندا، ئېغىزىمدا ماقۇل بولغان بولساممۇ، كۆڭلۈمدە خالىمىغانىدىم.»

ئالىم مۇنداق دېدى: «دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى مېنى ئەڭ خەتەرلىك گىرداۋقا ئېلىپ باردى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى توغرا يولغا قايتۇرۇپ كەلدى. مەن چىن قەلبىمدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، قانداق قىلىشنىمۇ بىلدىم».

ئالىمنىڭ ئىپادىسى رابىگۈلنى ھەسسىلەپ سۆيۈندۈردى، رابىگۈل سەككىز يىللىق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە بولۇپ، پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىدى. ئالىم پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىنى يازغاندىن كېيىن، رابىگۈل رەسمىي يوسۇندا ئۇنىڭغا بىر پارتىيە نىزامنامىسىنى سۇنۇپ، ئۇنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىشىنى ئېيتتى. «خىزمىتىم ئالدىراش، ئىلگىرى ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەپ ئۆيگە كەچ قالسام، ئۇ مەن بىلەن ئۇرۇشۇپ، سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە بولمايدۇ، دەيتتى. ھازىر ئۇ مېنىڭ خىزمىتىمنى بەك قوللايدۇ، ئۆيگە بۇرۇنراق قايتسا تاماق ئېتىپ مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ.» ئېرىدىكى ئۆزگىرىشنى تىلغا ئالغاندا رابىگۈلنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

«ئالىم كۆپرەك تىرىشىپ، بالدۇرراق پارتىيەگە كىرگىن، شۇنداق بولغاندا ئائىلىمىزدە ئۈچ پارتىيە ئەزاسى بار بولىدۇ، نېمىدېگەن شەرەپلىك ـ ھە!» ئەمەتمۇ ئوغلىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن خۇشال بولدى.

كەلگۈسى تۇرمۇشى تىلغا ئېلىنغاندا، ئالىم ئۈمىدكە تولۇپ مۇنداق دېدى: «مەن پارتىيە تەشكىلىنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىشنى خالايمەن، ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىم ئارقىلىق دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە ئاكتىپ كۈچ قوشىمەن».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ شۇجىسى، جىڭۋېي سۈن جىنلۇڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركەز 6 ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى جىن دېشۈي ۋە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى.

بىڭتۇەن پارتكومى بۇ قېتىمقى كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. يىغىندىن ئىلگىرى، يىغىنغا قاتنىشىدىغان يولداشلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى. يىغىندا سۈن جىنلۇڭ، جاڭ يۇڭ، لى پىڭ، لۇ شۇپىڭ، لى جىدۇڭ، جۇڭ بو پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى، پېڭ جيارۇي، كۇڭ شىڭلۇڭ، لى شىنمىڭ، شاۋ فېڭ، جاڭ ۋېنچۈەن، ليۇ جيەنمىڭ، مۇتەللىپ مەتتوختى، ياۋ شىنمىن يازما سۆز تاپشۇردى. كۆپچىلىك ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچقا سېلىشتۇرۇپ، ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش تەسىراتىنى سۆزلەپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، پەرقلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىپ، تىرىشىش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇردى، بۇنىڭدا ھەم نەزەرىيەۋى تەپەككۇر، ھەم ئەمەلىي چۈشەنچىلەر بار. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن باش تېما تەربىيەسىگە ئاتلىنىپ، ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى بىڭتۇەن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت، بۇرچنى ياخشى ئادا قىلىش، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

سۈن جىنلۇڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ غېمىنى يېيىش قەلبى، پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسئۇلىيىتى، پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسىنى دائىم كۆڭلىگە پۈكۈش كېرەك. ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش جاسارىتى ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ چىققان مەسىلىلەرنى ھەقىقىي، ئەمەلىي ھەل قىلىش كېرەك. باشلامچىلىق بىلەن «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئەڭ يۇقىرى سىياسىي پرىنسىپ ۋە تۈپ سىياسىي قائىدە قىلىپ، سىياسىي ئۆلچەم ۋە سىياسىي تەلەپنى ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر سىياسىي مەيدان، سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي پرىنسىپ، سىياسىي يول جەھەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك. بىڭتۇەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتىدىكى يولداشلار ئۆلچەم بايرىقى بولۇش ۋە يېتەكلەش رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشتا ياخشى باشلامچىلاردىن، ئۈلگىلەردىن بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ، ئەمەلىي ئىستىل ئارقىلىق، بىڭتۇەننىڭ باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا، ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)